## 179442 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ئاۋازىنى كۆتۈرگەنمۇ؟ ۋە خەلىپە ئايالىنىڭ ۋاقىرىشىغا گەپ قىلماستىن سەبرى قىلغانلىقى راستمۇ؟

### سۇئال

بەزى تور سەھىپىلىرىدە تارقالغان بۇ قىسسىنىڭ ساغلاملىقى توغرىسىدا سورىماقچىمەن. بىر كىشىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ۋارقىراپ جاۋاپ قايتۇرغاندا، بەك ئاچچىقى كېلىپ، ئايالى توغرىسىدا شىكايەت قىلماقچى بولۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېرىش ئۆچۈن ئىشىكىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆيدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالىنىڭمۇ خەلىپىگە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆمىدسىزلىنىپ خەلىپىگە شىكايەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ كەينىگە قايتقان، دېگەن قىسسىنىڭ ئاساسى بارمۇ؟، ئەگەر شۇنداقلىقى توغرا بولسا، ئايالنىڭ يولدىشىغا ئاۋاز كۆتۈرۈپ سۆزلىشىنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل قىلغىلى بولامدۇ؟. ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن!. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى: يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ۋەقەلىكنىڭ ئەسلى مۇنداق: بىر كىشى ئايالىنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇغا شىكايەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۆي ئىچىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ جاۋاپ قايتۇرماستىن جىم تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ: مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغانئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، مېنىڭ ھالىم دېگەن ھېچنىمە ئەمەسكەن دەپ قايتىۋاتقاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيدىن چىقىپ ئۇ كىشىنىڭ قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرىپ: ئى قېرىندىشىم، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى!مەن سىلىگە ئايالىمنىڭ ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئېغىزىنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، ئەمما سىلىنىڭ ئايالىرىنىڭمۇ مېنىڭ ئايالىمغا ئوخشاش سىلىگە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچىمدە: مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغانئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ھالى بۇبولسا، مېنىڭ ھالىم دېگەن ھېچنىمە ئەمەسكەن دېدىم ـ دە، ئارقىمغا بۇرۇلدۇم دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: قېرىندىشىم! ئايالىم مېنىڭ تامىقىمنى ئېتىدىغان ئاشپىزىم، نېنىمنى ياقىدىغان ناۋىيىم، كىيىملىرىمنى يۇيىدۇ ۋە بالىلىرىمنى ئېمىتىدۇ، ئەسلىدەيۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى ھارامدىن تىنچلاندۇرىمەن شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرىمەن، ۋارقىراشلىرىغا سەۋر قىلىمەن دېدى. ھېلىقى كىشى: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مېنىڭ ئايالىممۇ شۇنداق قىلىدۇ؟ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئۇنىڭغا: قېرىندىشىم! سەۋر قىلغىن قىسقا ۋاقىتتا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ.

بۇ ۋەقەلىكنىڭ راستلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مەنبەنى تاپالمىدۇق، ھەدىسشۇناس ئالىملاردىن بىرەرسىنىڭمۇ بۇ ۋەقەلىك توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكىنى بىلمەيمىز.

بۇ ۋەقەلىكنى شاپىئىي مەزھەپ پىقھى ئالىملىرىدىن شەيخ سۇلايمان ئىبنى مۇھەممەد ئەلبۇجەيرىمى "شەرھى ئەلمەنھەج" ناملىقئەسىرى 3- توم 441-442-بەتلەردە بايان قىلىدۇ.

ھەنەپى مەزھەپىدىكى پىقھى ئالىملىرىدىن ئەبۇللەيس سەمەرقەندى "غاپىللارنى ئاگاھلاندۇرۇش" ناملىق ئەسىرىنىڭ 517-بىتىدە زىكىر قىلغان. ئىبنى ھەجەر ھەيتەمىي "ئەززەۋاجىر ناملىق ئەسىرى 2-توم 80-بەتتە بايان قىلغان.ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ۋەقەلىكنى ئىسنادى بىلەن زىكىر قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى "بىر كىشىدىن زىكىر قىلىندى ياكى رىۋايەت قىلىندى"دېگەندەك ۋەقەلىكنىڭ زەئىپلىكىنى ئىپادىلەيدىغانئىبارىلەر بىلەن بايان قىلدى. مانا بۇ مەزكۇر قىسسىنىڭ مەنبەسىنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۆۋەندىكى قۇرلار ئۇ قىسسىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كۆچلاندۇرىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر. ئىش ئۇنداق بولغانىكەن ئەلۋەتتە ئايالى بەكرەك ئەيمەنمەمدۇ!؟. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ئەيمەنگەنلىكىمدىن ئۇنىڭدىن بىر ئايەت توغرىسىدا سوئال سورىيالماستىن بىر يىلچە ساقلىدىم. [بۇخارىي رىۋايىتى4913-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1479-ھەدىس].

ئەمرۇ ئىبنى مەيمۇن: "ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇغا خەنجەر ئۇرۇلغان كۈنى مەنمۇ بار ئىدىم، شۇ كۈنى مەن ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ بىرىنچى سەپتە تۇرمىغان ئىدىم،ئۇ زاتبولسا ھەيۋىتىدىن كىشىلەر ئەيمىنىدىغان كىشى ئىدى" دەيدۇ. [ھىليەتۇل ئەۋلىيا 4-توم-151-بەت].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئايالىنىڭ سىرتتىكى كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ سۆزلىشى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ گەپ قىلماستىن جىم تۇرۇشى ئېھتىماللىقتىن يىراق ئىش. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەن كىشى بۇنى ئەلۋەتتە ئىنكار قىلىدۇ. شەيتانمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان ھەتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ماڭغان يولدىن قورقۇپ ماڭمايدىغان تۇرسا، ئىلگىرى ئۆتكەن سەلەپ-سالىھلاردىن ئاياللىرى ۋارقىراپ سۆزلەيدىغان ۋە ۋە ئېرىغا تىل ئۇزىتىدىغان ئەھۋاللار مەلۇم ئەمەس.

ئەمما ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئايالىم مېنىڭ تامىقىمنى ئېتىدىغان ئاشپىزىم، نېنىمنى ياقىدىغان ناۋىيىم، كىيىملىرىمنى يۇيىدۇ ۋە باللىرىمنى ئىمىتىدۇ، ئەسلىدەيۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەس دېگەن سۆزلەر توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆرپ-ئادەتتە ئايالنىڭ ئېرىگە خىزمەت قىلىشىمەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ بالا ئېمىتىشى ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ئايال ئەرنىڭ ئەمرىدىلا بولىدىكەن ئېرىنىڭ بالىلىرىنى ھەقسىز ئېمىتىشۋاجىپ بولىدۇ.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئەسلى يوق، ئۇنىڭ تېكىستلىرى بۇنىڭ توغرا ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقەلىكنى ئايالنىڭ ئېرىگە ۋارقىراپ سۆزلىشى دۇرۇس دەپ دەلىل قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئىككىنچى: ئايالنىڭ ئېرىگە ۋارقىراپ جاۋاپ ياندۇرۇشى ئەدەپسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئۇنداق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن:ئەر–ئاياللىق تۇرمۇشتا ئايالنىڭ ئېرىگە ۋارقىراپ سۆز قايتۇرۇشى توغرىمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: بىزنىڭ بۇ ئايالغا بېرىدىغان جاۋابىمىز، ئايالنىڭ ئېرىگە ئۈنلۈك ئاۋازدا جاۋاپ قايتۇرۇشى ئەدەپسىزلىكتۇر. چۈنكى ئەر دېگەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگۈچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ئېرىنى ئېھتىرام قىلىشى، سۆزلىگەندە ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئايالنىڭ ئېرىگە ئەدەب ۋە ئېھتىرام بىلەن سۆز قىلىشى، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۈنسى–ئۈلپەت ۋە مېھرى–مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. شۇنىڭدەك ئەرمۇ ئايالى بىلەن شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم. تۇرمۇشئەر–ئايالنىڭ بىر–بىرىگە كۆيۈنۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ۚ فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّـهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا تەرجىمىسى: ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن [سۈرە نىسا 19–ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

بۇ ئايالغا مېنىڭ نەسىھىتىم: ئۆزى ۋە يولدىشى توغرىسىدا دائىم ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىقنى لازىم تۇتىشى،ئېرى تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ جاۋاب بېرىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، بەلكى ئېرىغا مۇلايىملىق بىلەن سىلىق سۆزلىشىئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. [نۇرۇن ئەلەددەرب پەتىۋاسى(192)].

بۇ ھەقتە يەنىمۇ كۆپ مەلۇمات كېرەك بولسا (125374ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى